# باي دادا ئىقتىسادىي قابىلىيىتىڭىزنى ئۆستۈرسۇن

(ئەڭ ئاخىرقى تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)

ئاپتورى: روبېرت كىيوساكى(ئامېرىكا)

خەنزۇچە نەشرى : نەنخەي نەشرىيات شىركىتى نەشرىياتى

تەرجىمە قىلغۇچىلار:

ئەلسۆي تەرجىمە گۇرۇپپىسىدىن

مەردان ئەخمەت سەبورى

مىركامىل كامالى

ياسىنجان مەترۇزى ئىلقۇت (پەنگىيار)

تەھرىر: ياسىنجان مەترۇزى ئىلقۇت (پەنگىيار)

مۇندەرىجە

نەشرىياتتىن

كىرىش سۆز

ئاپتورنىڭ سۆزى

مۇقەددىمە، مال-مۈلۈك سىزنى باي قىلالامدۇ؟

بىرىنچى باب، مالىيە دانىشمەنلىكى دېگەن نېمە ؟

ئىككىنچى باب، بەش تۈرلۈك ئىقتىسادىي قابىلىيەت.

ئۈچىنچى باب، بىرىنچى ئىقتىسادىي قابىلىيەت: كۆپ پۇل تېپىش.

تۆتىنچى باب، ئىككىنچى ئىقتىسادىي قابىلىيەت: پۇلىڭىزنى ساقلاپ قېلىش

بەشىنچى باب، ئۈچىنچى ئىقتىسادىي قابىلىيەت: پۇلىڭىزنىڭ خامچوتىنى قىلىش

ئالتىنچى باب، تۆتىنچى ئىقتىسادىي قابىلىيەت: پۇلىڭىزنىڭ پىشانىسىنى تۇرغۇزۇش.

يەتتىنچى باب، بەشىنچى ئىقتىسادىي قابىلىيەت: مالىيە ئۇچۇرىڭىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش.

سەككىزىنچى باب، مالىيە بەختەرلىكى

توققۇزىنچى باب، مالىيە تالانتىڭىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

ئونىنچى باب، ئىقتىسادىي قابىلىيىتىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئائىت بەزى ئەمىلى مىساللار

## خەنزۇچە نەشرىياتتىن

بۇ كىتاب خەلقئارالىق بازىرى ئىتتىك يازغۇچى: روبېرت يېرىپ چىققان«باي دادام»نامىلىق يۈرۈشلۈك كىتابنىڭ ئەڭ يېڭى مەھسۇلاتى.

«باي دادام» نامىلىق يۈرۈشلۈك كىتابلار ئۇزۇن مۇددەت «سودا ھەپتىلىك ژۇرنىلى »، «نيورك ۋاقىت گېزىتى»، «ۋال ستريت كوچىسى گېزىتى»، «بۇگۇنكى ئامېرىكا» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئالدىنقى قاتاردىكى بازىرى ئىتتىك كىتاب بولۇپ كەلدى. ھازىر 109 دۆلەت ۋە رايوندا نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلدى. دۇنيا بويىچە سېتىلىشى 29000000 قىسىمدىن ئېشىپ كەتتى.

2000-يىلى 9-ئايدا، «باي دادام نامرات دادام» ناملىق كىتابنىڭ خەنزۇچە ئاددىي خەت نۇسخىسى تۇنجى قېتىم دۆلىتىمىزدە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇدا 18 ئاي پۈتۈن دۆلەت شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىشى 1- بولۇپ قالدى. ئارقىمۇ-ئارقا ئىككى يېرىم يىل سېتىلىشى ئالدىنقى10نىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كىتاب بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن «باي دادام»ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرى ئارقىمۇ-ئارقىدىن نەشردىن چىقىپ، دۆلىتىمىز ئىچىدە مالىيە بىلىملىرى قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. «باي دادام» تەشەببۇس قىلغان مالىيە ئۇقۇمى ۋە مالىيە ئۇسۇللىرى دۆلىتىمىزدىكى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ مالىيە بىلىملىرى جەھەتتىكى زۆرۈر ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، كىشىلەرگە پۇل ۋە مالىيە ھەققىدىكى تونۇشىنى ۋە ئويلىنىشىنى قايتىدىن تونۇپ يېتىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشىلەرنى شەخسىي مالىيەگە ئەھمىيەت بېرىش، ئەلا تۇرمۇش سۈپىتىگە ئىگە قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

2007-يىلدىن باشلاپ، ئامېرىكىدا ئېغىر ئىككىلەمچى قەرز خەۋپى كۆرۈلدى. بۇ پەقەت ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىغىلا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، بەلكى ئادەتتىكى ئامېرىكا ئائىلىلىرى ئۈچۈنمۇ چوڭ بەربات قىلىش ۋەھىمىسى ئېلىپ كەلدى. بەزىلەر قەرزنى قايتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى، بەزىلەر ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى، ھەتتا ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىدى. .........

مۇشۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ، 2008-يىلى 3-ئايدا، روبېرت يېڭىچە قىياپەت بىلەن بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىپ، يەنە بىر قېتىم ئىقتىسادىي قابىلىيەت مائارىپىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. ھەمدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن باج تۈزۈملىرى، پۇل-مۇئامىلە سىياسىتى، قانۇن سىستېمىسى قاتارلىقلارغا قارىتا مۇناسىۋەتلىك بولغان:

قانداق قىلغاندا ئەقىل-پاراسەت بىلەن پۇل تاپقىلى بولىدۇ ۋە پۇل يىغقىلى بولىدۇ؟

قانداق قىلغاندا ئارتۇقچە باج قاتارلىقلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ ۋە پۇلىمىزنى ساقلاپ

قالغىلى بولىدۇ؟

قانداق قىلغاندا پۇل پىشاڭدىن پايدىلىنىپ بايلىقىمىزنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟

قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش ئۇچۇرلىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارغا قارىتا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ھازىرقى جىددىي ئىقتىساد شارائىتى ئاستىدا، ئاددەتتىكى ئامېرىكا پۇخراسىنىڭ مەبلەغ سېلىش پورسىتىنى چەك تونۇشنى ئۆگىنىۋېلىشنى، ئۆزىگە بايلىق يارىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشنى شۇنداقلا بىمال ھالدا پۇل-مۇئامىلە كىرزىسىدىن قۇتۇلۇپ، قان-تەرى بەدىلىگە تاپقان پۇلىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ كىتاب ناھايىتى كۈچلۈك ئەمىلىيەتچانلىقا ۋە مەشغۇلاتچانلىقا ئىگە.

بۇ كىتابنى ئوقۇش ئارقىلىق، دۆلىتىمىز ئوقۇرمەنلىرى ئامېرىكىدەك مۇنداق جەمئىيەت ئىقتىسادىي تۈزۈمى ئاستىدىكى دۆلەتتە، ئاددىي ئىستىمالچىلار قانداق مالىيە مۇھىتىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى، مالىيە پىلانىنى قانداق تۈزۈش كېرەكلىكى ھەمدە شۇ ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشىش جەھەتتىكى بىلىملەرنى چۈشىنىپ يېتىشتە تەپەككۇرىنى قوزغاش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياسىتى 30 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئاھالىلەر كىرىمى تەخسىملەش ۋە ئۆستۈرۈش ئىختىدارىغا ئىگە بولدى. شەخسىيلەر مالىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى تېخىمۇ كۆپەيگەن ئەھۋال ئاستىدا مەبلەغ سېلىش كۆز قارىشى ئاددىي ئائىلىلەرگىچە كىرىپ كەلدى. بۇ خىل شارائىتتا، مالىيە پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ چىقىپ، مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن قولىمىزدىكى پۇلدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئاللىبۇرۇن بىر ئومۇمىي ئېھتىياج بولۇپ قالدى.

پۈتۈن دۇنيا ئىقتىسادى بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بۈگۈنكى دەۋردە، ھەرخىل

مالىيە بىلىملىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىگەللەش بىر تەخىر قىلغۇسىز مەسىلە بولۇپ، ھەرخىل مالىيە بىلىملىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىگەللەش ئارقىلىق بىزمۇ  نەزەر دائىرىمىزنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قابىلىيىتىمىزنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا مالىيە داغدام يولىدا ئەركىن مېڭىشىمىزنىڭ مۇھىملىقى جەمئىيەتنىڭ مۇققەرەر تەلىپى بولۇپ قالدى.

## كىرىش سۆز

2004-يىلى مەن تۇنجى قېتىم روبېرت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈم. 2006-يىلى، بىز بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ بىر كىتاب يازدۇق، بۇ كىتاب ناھايىتى بازار تاپتى. 2008-يىلىغا كىرىش ھارپىسىدا، مەن  روبېرت بايان قىلغان ۋە تارقاتقان بىلىملەر ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بارغانچە تونۇپ يەتتىم. چۈنكى بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، ئىقتىسادىي قابىلىيەت مائارىپى دۆلىتىمىز ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئەمما روبېرتنىڭ بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ بىر دانىشمەنلىكىگە گەپ كەتمەيدۇ.

سىز، بىزنىڭ «سىزنى كۆپ پۇل تاپقۇزىمىز» ناملىق كىتابىمىزدا ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە قاراپ بېقىڭ، ئاندىن قايتا ئويلىنىپ بېقىڭ. بىز ئاشۇ كىتابنى يازغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارغا دىققەت قىلىپ بېقىڭ. مېنىڭچە بىز (ئىككى ئاپتورنى دېمەكچى) ئەينى ۋاقىتتا دەسلەپكى قەدەمدە بۇ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەن. بۇ قېتىم روبېرت يەنە «باي دادام» ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابنىڭ داۋامى «باي دادا ئىقتىسادىي قابىلىيىتىڭىزنى ئۆستۈرسۇن» ناملىق كىتابنى يېزىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى ھەمدە بۇ كىتابتا بىزنى ھاياتلىق يولىدا مالىيە بىلىملىرى جەھەتتە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ بىلىملەر بىلەن تەمىن ئەتتى. مەن شۇڭىغا ئىشىنىمەنكى روبېرت بۇ قېتىممۇ

2006-يىلىدىكىدەك كەلگۈسىنى ناھايىتى جانلىق پەرەز قىلىپ چىقىدۇ. مەن شۇنى ئەسكەرتىپ قويايكى، سىز چوقۇم ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ!

روبېرت بىلەن ئىككىمىز نۇرغۇن ئىشلارغا ئىزچىل ھالدا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمىز، ھەمدە بىز ئىككىمىزنىڭ بېشىمىزدىن كەچۈرگەنلىرىمىز ئاساسەن ئوخشاش. بىز ئىككىلىمىز مۇئەللىم بولۇپ باققان، سودىگەر بولۇپ باققان. ھەر ئىككىمىزنىڭ باي دادىمىز بار، ئۇ بىزنىڭ ھايات كارتىنىمىزغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. بىزنىڭ روھى قىياپىتىمىزنى ياراتتى ھەمدە بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى قېلىپقا سالدى.

بىز ئىككىلىمىز ئىگىلىك تىكلىگۈچى ۋە ئۆي-مۈلۈككە مەبلەغ سالغۇچى ھەمدە ئىككىلىمىز مۇۋاپىقىيەت قازاندۇق. چۈنكى بىز ئىككىلىمىز ئىقتىسادىي قابىلىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلغان. بىز ئىككىلىمىز ئىقتىسادىي قابىلىيەت مائارىپىنىڭ مۇھىملىقىنى تەرغىپ قىلغۇچىلار، شۇنداقلا بىز ئەستايىدىللىق بىلەن مالىيە بىلىملىرىنى ئۆگەندۇق. روبېرت ئىلگىرى مۇنداق دەپ ئۆتكەن: «بىزنى ئىقتىسادىي قابىلىيەت مائارىپى مالىيە بىلىملىرى ئۇچۇرىنى ئىگەللەشكە ئۈندەيدۇ ھەمدە بىز ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارنى بىلىمگە ئايلاندۇرىدۇ.......... بىراق نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھاياتىدا ئۆز ھاياتىنى ئۆزگەرتىدىغان ئىقتىسادىي قابىلىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىپ باقمىغان.» مەن ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە تامامەن قوشۇلىمەن.

مەن تىزلا روبېرتنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ خوشال بولۇپ يۈرىدىغان ئادەم ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلدىم. ئۇ ئاللىبۇرۇن ناھايىتى مۇۋاپىقىيەت قازاندى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپىنى ناھايىتى سۆيىدۇ. بۇ بىزنىڭ يەنە بىر ئورتاق تەرىپىمىز. بۇ سىز ئۈچۈن نىمە دېگەن بەخت ھە! چۈنكى ئۇ يەنىلا سىزنى نۇرغۇن قىممەتلىك تەكلىپلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. ئەگەر بىز يېزىپ قالدۇرغان «سىزنى كۆپ پۇل تاپقۇزىمىز» ناملىق كىتابتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، روبېرت كەڭ مەلۇماتقا ئىگە، ئەمما باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى

خالىمايدىغان بولسا نىمە ئەھمىيىتى؟ روبېرت يازغان ھەربىر كىتاب بۇ سۇئالنىڭ بىر خىل جاۋابى. سىز تەلەيلىك ئىكەنسىز، چۈنكى سىز ھازىر ئۇنىڭ بىلىمدىن بەھرىمان بولالىدىڭىز ئەمەسمۇ؟

سىزنىڭ قولىڭىزدىكى پۇلدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ھەمدە ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ باي قىلىش ئۈچۈن بىرىنچى قەدەم، پۇرسەت كەلگەندە چوقۇم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىڭ. شۇنداق، سىز ئېرىشىش شۇنداق قىيىن بولغان پۇرسەتكە ئىگە بولدىڭىز. مەن سىزنىڭ بۇ كىتاب«باي دادا ئىقتىسادىي قابىلىيىتىڭىزنى ئۆستۈرسۇن»نى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمەن. بۇنداق بولغاندا سىز مالىيە بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلەپ باي بولۇشتىن ئىبارەت بۇ داغدام يولدا تۇسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيسىز.

مۇنۇ بىر جۇملە سۆزنى قىستۇرۇپ قوياي: قورسىقىڭىزدا قانچىلىك بىلىم بولسا، سىز شۇنچە چوڭ ئۇتۇققا ئېرىشەلەيسىز. بىز سىزنى مۇۋاپىقىيەت قازانغۇچىلار سېپىدە كۆرۈشكە تەشنا!

دونالد جون ترۇمپ Donald John Trump

## ئاپتورنىڭ سۆزى

### پۇل-مال جىنايەت ئەمەس

مائارىپ سىستېمىسىنىڭ چوڭ بىر مەغلۇبىيىتى ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي قابىلىيەت يېتىشتۈرۈش تەربىيىسى تەمىنلەپ بەرمىگەنلىكتە. مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار پۇلنى دىندىكى قارا داغ ياكى بىدئەت دىنغا ئوخشىتىدۇ، چۈنكى ئۇلار پۇلغا بولغان قىزغىن مۇھەببەتنىڭ بارچە جىنايەتلەرنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

كۆپ سانلىق كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغىنىغا ئوخشاش پۇلغا بولغان قىزغىن مۇھەببەت ھەرگىزمۇ جىنايەت ئەمەس.

دەل ئەكسىچە، پۇلنىڭ كەملىكى جىنايەتكە ئېلىپ بارىدۇ، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمىتىمىزگە بولغان ئۆچمەنلىك بىزنى جىنايەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بىز تىرىشىپ ئىشلەيمىز، بىراق ئائىلە كىشىلىرىمىزنى باقالمايمىز، بۇ جىنايەت ھېسابلانمامدۇ؟ بىر قىسىم كىشىلەرگە نىسبەتەن قات-قات قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىش جىنايەت، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن پۇل ئۈچۈن جېدەللىشىش جىنايەت، نەپسانىيەتچىلىك جىنايەت. ئۇنىڭدىن باشقا پۇل ئۈچۈن قانۇنىنىڭ جازاسىغا ئۇچراش ياكى ۋىجداندىن ۋاز كېچىشكە پىسەنت قىلماسلىق جىنايەت. پۇل ئەسلىدىن جىنايەت ئەمەس، پۇل پەقەت پۇللا خالاس.

سىزنىڭ ئۆيىڭىز بىر تۈرلۈك مال-مۈلۈك ئەمەس

كىشىلەردە ئىقتىسادىي قابىلىيەت ئىقتىدارىنىڭ كەمچىل بولۇشىمۇ ئۇلارنىڭ ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىشىغا ياكى ئەخمەق كىشىلەرنىڭ خاتا يولغا باشلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. مەسىلەن، 1997-يىلى تۇنجى نەشىر قىلىنغان «نامرات دادا، باي دادا» ناملىق كىتابتا، «سىزنىڭ ئۆيىڭىز بىر تۈرلۈك مال-مۈلۈك ئەمەس... سىزنىڭ ئۆيىڭىز پەقەت بىر تۈرلۈك پاسسىپ مۈلۈك.» دەپ تىلغا ئالغان ئىدىم، بۇ كۆز قاراش گۇمانىي كۆز قاراشلارغا تولغان بىر قاتار ماقالىلەرنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولدى. مەن ۋە مېنىڭ كىتابىم ئېغىر تەنقىدكە ئۇچرىدى، ئۆزىنى مالىيە مۇتەخەسسىسى دەپ ئاتىۋالغان نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئاخبارات ۋاستىسى ئارقىلىق تىغ ئۇچىنى ماڭا قاراتتى. ئون يىلدىن كېيىنكى 2007-يىلى، قەرز كوپىراتىپ ئورۇنلىرىنىڭ گۇمران بولۇشىغا ئەگىشىپ مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ بايلىقى خۇددى جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەركىتىگە ئوخشاش، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا

ئىز-دېرەكسىز يوقالدى—بەزىلەر ئۆيىدىن ئايرىلدى، يەنە بەزى كىشىلەر ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىدى، ئۆي-مۈلۈك باھاسىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ بەزىلەر ئۆيى سەۋەبلىك قەرزگە بوغۇلدى، قەرزگە بوغۇلغان پۇل ئۆينىڭ ئەسلىدىكى باھاسىدىن كۆپ يۇقىرى بولدى — مۇشۇ ۋاقىتتىلا ئاشۇ كىشىلەر ئازابلىق ھالدا شۇنى ھېس قىلدىكى، ئۇلارنىڭ ئۆيى بايلىق بولماستىن، پاسسىپ ھىسابات ئىدى.

ئىككى ئادەم، بىر ئاۋاز

2006-يىلى، دوستۇم دولالد جون ترۇمپ Donald John Trump بىلەن ھەمكارلىشىپ «سىزنى كۆپ پۇل تاپقۇزىمىز» ناملىق كىتابنى يازدۇق. بۇ كىتابتا بىز نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەدىكىلەر جەمئىيەت بايلىقىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ كەينىدە قالدىغانلىقى، ھەمدە بىز ئويلاپ چىققان ھەرتۈرلۈك سەۋەبلەر تىلغا ئېلىنغان. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى جەمئىيەتنىڭ دۇنياۋىلىششقا يۈزلىنىشى، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرى ۋە مالىيە بازىرىنىڭ ئەھۋالىدا ئىدى. بۇ كىتاب مالىيە ئىقتىساد ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ سۆكىشىگە ئۇچرىدى. بىراق 2007- يىلى بىز ئوتتۇرىغا قويغان ئىشلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەقىقەتكە ئايلانغان ئىدى.

مودىدىن قالغان سەمىمىي مەسلىھەت

بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا نۇرغۇنلىغان مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇدىغان مۇتەخەسسىلەر «تىرىشىپ خىزمەت قىلىش، ئامانەت قويۇش، قەرزلەرنى تۆلەش، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش، شۇنداقلا كۆپ تەرەپلىمىلىك ئورتاق مەبلەغ فوندلىرىغا مەبلەغ سېلىش»نى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەسىلە شۇكى بۇ ياخشى بولغان تەشەببۇس ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتتى.

پۇلنىڭ قانۇنىيتى 1971-يىلىدىن كېيىن ئۆزگەردى، بۈگۈن يېپيېڭى كاپىتالىزىم دەۋرىدە تۇرماقتىمىز. ئامانەت قويۇش، قەرز قايتۇرۇش، كۆپ تەرەپلىمىلىك ئورتاق مەبلەغ فوندلىرىغا مەبلەغ سېلىش قاتارلىقلار كونا دەرۋگە مۇناسىپ مىتود، كونا كاپىتالىزىمنىڭ مىتودىغان كۆنۈپ قالغان كىشىلەرگە نىسبەتەن يېڭى كاپىتالىزم دەۋرىدە ھەربىر قەدەمنى باسماق ناھايىتى مۇشكۇلدۇر.

ئۇچۇر ۋە مائارىپ

مېنىڭ قارىشىمچە، ئىقتىسادىي قابىلىيەت مائارىپىنىڭ كەمچىل بولۇشى بىزنىڭ مائارىپ سىستېمىمىزنىڭ رەھىمسىزلىكى ھەم شۇنداقلا جىنايەتكە تولغان شەرمەندىچىلىكى. بۈگۈنكى دەۋردە، سىز مەيلى نامرات بولۇڭ ياكى باي بولۇڭ، ئەقىللىق بولۇڭ ياكى دۆت بولۇڭ، ئىقتىسادىي قابىلىيەت مائارىپى سىزنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشىڭىزدە مۇتلەق مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، بۈگۈن بىز ئۇچۇر دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. ئۇچۇر دەۋرىدىكى مەسىلە ئۇچۇرنىڭ ئۆلچەمدىن ئارتۇق بولۇپ كېتىشى، بۇ دېگەنلىك، ھازىرقى دۇنيا بەك كۆپ ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تۆۋەندىكى تەڭلىمە ئىقتىسادىي قابىلىيەت مائارىپىنىڭ نېمىشقا بۇنچە مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇچۇر+مائارىپ = بىلىم

ئىقتىسادىي قابىلىيەت تەربىيىسى بولمىسا ئادەملەر ئۇچۇرلارنى پايدىلىنىش قىممىتى بولغان بىلىمگە ئايلاندۇرالمايدۇ، تۇرمۇشى غورىبەتچىلىكتە ئۆتىدۇ؛ ئۆي ئالىدىغان ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ بىر تۇرلۇك مال-مۈلكى دەپ قارايدىغان ئىشنى قىلىدۇ؛ ئامانەت قويىدۇ، 1971-يىلىدىن كېيىن پۇلنىڭ ئەمدى بۇرۇنقىدەك پۇل ئەمەس، بەلكى پەقەت ئادەتتىكى بانكا

چېكى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمەيدۇ؛ ھەم شۇنداقلا ئاكتىپ قەرز بىلەن پاسسىپ قەرزنى پەرقلەندۈرمىگەنلىكىدىن بايلارنىڭ تاپىدىغان پۇلىنىڭ قانچە كۆپ بولسا تاپشۇرىدىغان باج نىسبىتىنىڭ شۇنچە ئاز بولىدىغانلىقىنى، ھەمدە بۇنىڭ ئەڭ ئاددىي مىسالى بولغان نىمە ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ باي مەبلەغ سالغۇچى «پايچېك شاھى» بۇففېتنىڭ مەبلەغ سېلىشىنىڭ ھەرگىزمۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئەمەس تۇرۇپمۇ ناھايىتى كۆپ پۇل تاپىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

## تېپىرلاپ تۇرغان لالما چاشقان

كىشىلەرنىڭ مالىيە بىلىمى بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە نىمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. كۆپ قىسىم مالىيە مۇتەخەسسىلىرىنىڭ تەكلىپى شۇكى، تىرىشىپ خىزمەت قىلىش، ئامانەت قويۇش، قەرزلەرنى تۆلەش، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش، شۇنداقلا كۆپ مەنبەلىك ئورتاق مەبلەغ فوندلىرىغا مەبلەغ سېلىش. كىشىلەر لالما چاشقانغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ باشلامچىلىقىغا ئەگىشىپ تىك يارغا بار كۈچى بىلەن ئېتىلىپ، سەكرەپ-تاقلىغان ھالدا بايلىق دېڭىزىغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى، تولۇق ئىشەنچىسى بىلەن بايلىقنىڭ قارشى قىرغىقىغا ئۈزۈپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ، خالاس.

بۇ كىتاپ ھەرگىزمۇ مالىيە باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسلىھەت بېرىش ھەققىدە يېزىلغان ئەمەس

بۇ كىتاب سىزگە نىمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىڭىزنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ، ھەرگىزمۇ مالىيە باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسلىھەت بېرىدىغان كىتاب ئەمەس. بۇ كىتاب سىزنى مالىيە تەرەپدارلىرىدىن ئەقىللىقراق قىلىپ مالىيە ئۇچۇرلىڭىزنى توغرا ھەل قىلىدىغان ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىڭىزنىڭ داغدام يول — بايلىق يولىڭىزنى بايقىۋېلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ئومۇمەن، بۇ كىتاب سىزگە تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇش يولى ئارقىلىق باي بولۇش ئارزۇيىڭىزغا يېتىشنى ئۆگىتىدۇ، يەنى ئىقتىسادىي قابىلىيىتىڭىزنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

## بىرىنچى باب

### ئەقىل پاراسەت بىلەن مالىيە باشقۇرۇش دېگەن نېمە

5 ياش ۋاقتىمدا، بىر قېتىم دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كېلىندىم. كېيىن بىلسەم ئۇ چېچەك سەۋەبىدىن قۇلاق ياللۇغلىنىش كېسىلى بولۇپ، ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر ئىكەن. گەرچە بۇ قېتىملىق كەچۈرمىش ئادەمنى قاتتىق چۆچۈتسىمۇ، لېكىن مەن مۇشۇ سەۋەبلىك بىر بۆلۈك گۈزەل ئەسلىمىلەرگە ئېرىشتىم، ئەينى ۋاقىتتا مەن كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ ساقىيىۋاتاتتىم. دادام، ئىنىم ۋە ئىككى سىڭلىم دوختۇرخانا دېرىزىسى سىرتىدىكى چىملىقتىن ماڭا توختىماستىن قول پۇلاڭلىتاتتى. ئاپام دوختۇرخانىغا مېنى كۆرگىلى بارمىغان ئىدى. ئۇ ئۆيدە، كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ يۈرەك ئاجىزلىقىنىڭ ئېغىر قىيناشلىرىغا بەرداشلىق بېرىۋاتاتتى.

دەل شۇ يىلى، ئىنىم گاراژدىكى پېشايۋاندىن يىقىلىپ چۈشۈپ بېشىنى يېرىۋېلىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدى. كەينىدىنلا چوڭ سىڭلىم، ئۇ لېپكىنى ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايتتى. كەينىدىن ئەڭ كىچىك سىڭلىم بېس، تېخى تۇغۇلغىنىغا ئۇزاق بولماي تۇرۇپلا ھەتتا دوختۇرلارمۇ نېمە ئىشلىقىنى بىلەلمىگەن تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىدى.

دادامغا نىسبەتەن، ئۇ بىر يىل ناھايىتى قىيىنچىلىق بىر يىل بولغان ئىدى. 6 جان بار بۇ ئۆيلۈكتە ئۇ بىردىنبىر ئاغرىقنىڭ «قەدەم تەشرىپ قىلىشىغا» ئېرىشمىگەن ئادەم ئىدى. خوش خەۋەر شۇكى، ھەممەيلەننىڭ ساغلاملىقى ئەسلىگە كەلدى، شۇم خەۋەر شۇكى دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش تالونى ھەسسىلەپ كۆپەيگەن ئىدى. ئۇ يىلى دادامنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن كېسىلى بولمىغىنى بىلەن، روھىي جەھەتتىن ناھايىتى ئېغىر كېسەل-قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان داۋالاش قەرزىنىڭ بېسىمىدا دېمىنى ئالالمىغان ئىدى.

ئۇ چاغدا، دادام گاۋاي (ھاۋاي) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇنىڭ نەتىجىسى مۇنەۋۋەر بولۇپ، پەقەت ئىككى يىل سەرپ قىلىپلا باكلاۋرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئارزۇسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالىي مەكتەپكە پروفېسسور بولۇش ئىدى. بىراق ھازىر ئۇ ئائىلە جانىنى باقمىسا، قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرزنى قايتۇرمىسا، يۇقىرى قىممەتتىكى داۋالاش راسخوتلىرىنى تۆلىمىسە بولمايتتى،شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئارزۇسىدىن كېچىپ خىزمەت تېپىشقا مەجبۇر بولدى. گاۋاي (ھاۋاي) چوڭ ئارىلىدىكى شىلو يېزىسىدىكى بىر مەكتەپنىڭ ياردەمچى نازارەتچىلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئائىلىمىز بويىچە باشقا بىر كىچىك ئارالغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشتۇق، ئۇ بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئۇ جايدىكى تۇرمۇشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايتتى، دادام بۇۋامدىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. دادام ۋە بارلىق ئائىلىمىزگە نىسبەتەن ئاشۇ كۈنلەر مۇشەققەتلىك كۈنلەر بولغان ئىدى.

گەرچە دادام خىزمەتتە غايەت زور ئۇتۇق قازانغان، ھەم ئاخىرىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ پروفېسسورى بولۇش ئارزۇسىنىڭ يەنىلا نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم . ئۇ دائىم «سىلەر چوڭ بولۇپ ئالىي مەكتەپكە چىققاندا، مەن مەكتەپكە قايتىپ ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان ئىش-ئوقۇتقۇچىلىقىمنى قىلىمەن. » دەيتتى.

بىراق دادام قايتىپ بېرىپ دەرس ئۆتمىدى، ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا مەمۇرىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ گاۋاينىڭ (ھاۋاي) شتاتلىق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى، كەينىدىن مۇئاۋىن شتات باشلىقلىق سايلىمىغا قاتنىشىپ مەغلۇپ بولدى. 50 ياشقا كىرىپ قالغان دادام تۇيۇقسىز ئىشسىز قالدى، سايلامدا مەغلۇب بولۇپ ئۇزاققا بارماي ئاپامنىڭ يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ 48 يېشىدا بۇ ئالەمدىن خوشلاشتى. دادام ئاپامدىن ئايرىلىپ قالغانلىق ئازابىدىن قايتا ئەسلىگە كېلەلمىدى. پۇلنىڭ مەسىلىسى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا چىقتى. دادام بارلىق پېنسىيە مائاشىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئېلىپ مەملىكەت بويىچە زەنجىرسىمان

ماروژنا تىجارىتى قىلىدىغان ئىجازەتنامە ئېلىشقا ئەزا بولدى، ئاقىۋەت بارلىق جۇغلانمىلىرىدىن ئايرىلدى.

ئۇ يىلى قېرىغانلىقتىن دادام ئوخشاش ياشلىقتىكى كىشىلەرنىڭ ئارقىدا قالغان ئىدى، ئۇنىڭ كەسپى ھاياتى ئاخىرلاشتى. ئۇ ئەمدى مائارىپ ساھەسىگە رەھبەرلىك قىلالمايتتى، سالاھىيىتىمۇ ، ئورنىمۇ يوق ئىدى. سودىغا تايىنىپ بېيىپ كېتىۋاتقان ساۋاقداشلىرىغا قارىتا ئۇ تەڭسىزلىك ھېس قىلاتتى. بۇنداق تەتۈر پەرق ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى، ئۇ دائىم «مەن پۈتۈن ئۆمرۈمنى گاۋاينىڭ (ھاۋاي) مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىدىم، لېكىن مەن نېمىگە ئېرىشتىم؟ ھېچنېمىگە ئېرىشمىدىم. مېنىڭ پۇلى بار ساۋاقداشلىرىم بارغانسېرى بېيىپ كەتتى، لېكىن مەنچۇ؟ ھېچنېمەم يوق.» دەيتتى.

مەن ئىزچىل ئۇنىڭ نېمىشقا ئالىي مەكتەپكە قايتىپ دەرس ئۆتمىگەنلىكىنى بىلمىدىم. بىراق مېنىڭ قارىشىمچە ئۇ تېزراق باي بولۇپ كەتكۈزۈپ قويغانلىرىنىڭ ئورنىنى توشقۇزىۋالماقچى بولغان بولسا كېرەك. ئەمما ئۇ غەلىتە بىر قىسىم سودىلارنى قىلىپ، تىلى شېكەر، دىلى زەھەر ئالدامچىلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ بىر كېچىدىلا باي بولۇپ كېتىشنى ئويلاپ بىر قېتىممۇ غەلىبە قازىنىپ باقمىدى.

ياخشى يېرى ئۇنىڭ يەنە بىر قانچە ۋاقىتلىق خىزمىتى، ۋە جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىق ياردىمى بار، ئۇنداق بولمىغىنىدا ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىك بىر بالىسى بىلەن بىر ئۆيدە يېتىشقا مەجبۇر بولاتتى. دادام بۇ ئالەم بىلەن 72 يېشىدا خوشلىشىشتىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى مېنى كارىۋىتى يېنىغا تارتىپ ئەكىلىپ، ناھايىتى خىجىل بولغان ھالدا بىزگە قالدۇرىدىغان ھېچقانداق نەرسىسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ قولىنى سىقتىم، بېشىمنى ئۇنىڭ قولىغا قويدۇم، بىز ئاخىرى يىغلاپ تاشلىدۇق.

خەجلىگىلى پۇل يېتىشمەسلىك

نامرات دادام بىر ئۆمۈر پۇل ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ قانچە كۆپ پۇل تېپىشىدىن قەتئىينەزەر، تاپقان پۇلى زادىلا يېتىشمىدى. ئۇنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قابىلىيىتى يەتمىگەن، بۇ ئۇنىڭغا ئازاب ئېلىپ كەلگەن ئىدى، تاكى ئۇ بۇ ئالەمدىن خوشلاشقىچە بۇ ھالەتتىن قۇتۇلالمىدى. ئېچىنىشلىق يېرى، ئۇ ئۆزىنى مەيلى خىزمەتتە بولسۇن ياكى بىر دادا بولۇشتا بولسۇن لاياقەتسىز دەپ قارايتتى.

نامرات دادام ئىلىم- پەن ساھەسىگە تەۋە ئىدى، ئۇ ئامالىنىڭ بېرىچە بايلىق مەسىلىسىنى بىر تەرەپكە قويۇپ تۇرۇپ زېھنى- قۇۋۋىتىنى پۇلدىنمۇ يۇقىرى تەبىقىدە تۇرىدىغان مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئىدى. ئۇ ئامالىنىڭ بېرىچە پۇلنىڭ ھېچقانچە نەرسىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىغا ئۆزىنى قايىل قىلماقچى بولغان. بىراق بەزى ۋاقىتلاردا پۇل دەل مەسىلىنىڭ مەركىزى نۇقتىسى بولۇپ قالاتتى. ئۇ بىر ئۇلۇغ ئادەم، ئۇلۇغ ئەر ۋە ئۇلۇغ دادا، شۇنداقلا كۆزگە كۆرۈنگەن مائارىپ خىزمەتچىسى؛ دەل شۇ پۇل دېگەن نەرسە تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىن- ئۈستىن قىلىپ، ئۇن- تىنسىز ھالدا ئۇنى چۈشەپ قويغانتى. ئازابلىنارلىقى، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا بېرىپ قالغاندا پۇل ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنىڭ مەغلۇبىيەت ياكى غالىبىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالدى. گەرچە ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېچقاچان پۇلنىڭ مەسىلىسىنى ياخشىراق ھەل قىلىپ باقمىغان ئىدى.

پۇل بەك كۆپ بولۇپ كەتتى

باي دادام 9 ياش ۋاقتىمدىن باشلاپلا ماڭا پۇل ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىتىشكە باشلىغان، ئۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا پۇل مەسىلىسى مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى نامرات دادامنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ پۇلنىڭ مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، دەل ئۇ مۇشۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەنلىك سەۋەبىدىن ئۇ ھەربىر مالىيە پاراستىنى يۇقىرى

كۆتۈرىدىغان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويمايدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن، بۇ پۇل مەسىلىسىنى ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ھەل قىلغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، شۇنداقلا مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانىدا ئۆگىنىدۇ. مېنىڭ باي دادام نامرات دادامدەك مەلۇماتلىق ئەمەس، بىراق ئۇ شۇنداقتىمۇ ئوخشىمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىپلا قالماي، ئۆزىنىڭ مالىيە پاراستىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ كەلدى، ئۇنىڭ پۇل مەسىلىسى- پۇل بەك كۆپ بولۇپ كەتتى.

مېنىڭ ئىككى دادام بار، بىرى باي، يەنە بىرى نامرات، ئۇلاردىن مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى: مەيلى نامرات ياكى باي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلاردا ئورتاق ھالدا پۇل مەسىلىسى مەۋجۇت.

نامراتلارنىڭ پۇل مەسىلىسى:

1. ئىشلىتىشكە يېتەرلىك پۇل يوق.

2.ئىناۋەتلىك كارتىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن پۇل تېخىمۇ كەمچىل بولۇپ كېتىش.

3.تۇرمۇش تەننەرخى كۆنسېرى يۇقىرىلاپ كېتىش.

4.پۇلنى قانچە كۆپ تاپقانسېرى باجمۇ شۇنچە كۆپىيىپ كېتىش.

5.تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان كېلىشمەسلىكلەردىن قورقۇش.

6.يېتەرلىك پېنسىيە پۇلى يوق.

بايلارنىڭ پۇل مەسىلىسى:

1.پۇل بەك كۆپ بولۇپ كېتىش.

2.مال-مۈلۈكنى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملىق مەبلەغ سېلىش.

3.باشقا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ پۇلىنى ياكى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلەلمەسلىك.

4. تېخىمۇ ئەقىللىق بولغان مالىيە مەسلىھەتچىسىگە موھتاج بولۇش.

5.پۇل كۆپ بولۇپ كەتسە پەرزەنتلەر يامان ئۆگىنىپ قېلىش مەسىلىسى.

6.مال- مۈلۈك ۋە مىراس پىلانى.

7.زىيادە كۆپ بولغان ھۆكۈمەت بېجى.

نامرات دادام بىر ئۆمۈر پۇل ھەققىدىكى مەسىلىلىرىنى تۈگىتەلمىدى، ئۇ قانچىلىك پۇل تېپىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا پۇل زادىلا يېتىشمىدى. باي دادامنىڭمۇ پۇل مەسىلىسى بار، ئۇنىڭ مەسىلىسى پۇل بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىك. ئۇنداقتا، سىز قايسى تۈردىكى پۇل مەسىلىسىگە يولۇقۇشنى خالايسىز؟

نامرات كىشىلەرنىڭ پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى

باللىق چېغىمدىلا شۇنى بىلەتتىمكى مەيلى بىز قانچە باي ياكى نامرات بولايلى بىز ئوخشاشلا پۇل مەسىلىسىگە دۇچار بولىمىز، بۇ ماڭا نىسبەتەن ھاياتىمدىكى مۇھىم دەرسلىكلەرنىڭ بىرى. نۇرغۇن كىشىلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆپ پۇلى بولسىلا پۇل مەسىلىسى ھەل بولغان بولىدۇ. ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەرلا ناھايىتى كۆپ پۇلى بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ پۇل مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت شىركىتىگە ئىشلەنگەن تېلېۋىزور ئېلانىدا رەپ ئوقۇيدىغان ناخشىچى MC خەممېر MC Hammer مۇ ۋە سەتەڭ قىزچاق ئۇسۇلغا چۈشكەن، كەينىدە بىر دانە بىڭلى ۋە بىر دانە فارادىي ماركىلىق ماشىنا بىلەن دەرىجىدىن تاشقىرى ئېسىلزادە ئۆي. تەگلىك رەسىمدە، نۇرغۇنلىغان ئاۋات بىنالار، بىرلا ۋاقىتتا مۇزىكا قويۇلۇۋاتقان بولۇپ، خەنمونىڭ داڭلىق يالغۇز كىشىلىك ناخشىسى «سەن بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيسەن» ئىدى. بىراق ئېكران يۈزى قاراڭغۇلىشىپ ، ئۈستىدە «15مىنۇتتىن كېيىن» دېگەن خەت چىقىدۇ. كېيىنكى بىر كۆرۈنۈش، خەنمو ئۇ دەرىجىدىن تاشقىرى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ بېشىنى قاماللاپ تۇرغان، ياندىكى تاختىدا «ئۆي مۇسادىرە قىلىندى» دەپ چىققاندا، ياندىن چۈشەندۈرگۈچى «تۇرمۇش تاسادىپىيلىقلارغا تولغان، بىز ھەر ۋاقىت سىزگە ياردەم قىلىمىز» دەيدۇ.

رېئال تۇرمۇش MC خەممېر MC Hammer غا ئوخشاش ئادەملەرگە تولغان. بىز دائىم مەلۇم بىر ئادەمنىڭ بىر مىليونلۇق لاتارىيە بېلىتىگە ئېرىشكەنلىكى، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بولسا ئېغىر قەرزلەرگە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ياكى ياش كەسپىي تەنھەرىكەتچىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئېسىلزادە ئۆيلەردە، ۋەزىپىدىن يانغاندا بولسا ئاسما كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ياكى ياش تولغانما ئۇسۇل ناخشا چولپىنىنىڭ 20 ياش ئەتراپىدىلا داڭدار بايلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، بىراق 30 ياشتىن ئاشقاندا بولسا تەرەپ تەرەپكە چېپىپ خىزمەت ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ۋە ياكى مەلۇم نەزمە- نەسرلىك ناخشىچىسىنىڭ ئۆي- ئۆيلەرگە بېرىپ مالىيە مەسىلىلىرىنى تەشۋىق قىلغانلىقىنى ، ھەتتا ئۇنىڭ ھېچنېمىسى قالمىغاندىمۇ مۇشۇ مەسىلىلىرىنى ئىشلىتىۋاتقانلىقىدەك ئىشلارنى بەك كۆپ قابىلىيەتلايمىز.

يالغۇز پۇلغا تايىنىپلا پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ دەل نامرات ئادەمگە پۇل بېرىش ئارقىلىقلا ئۇنىڭ پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەرگىلى بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى. كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇ پەقەت مەسىلىنىڭ ھەل بولۇش ۋاقتىنى كېچىكتۈرىدۇ خالاس، ھەم شۇنداقلا تېخىمۇ كۆپ ئادەمنى تېخىمۇ نامرات قىلىۋېتىدۇ. پاراۋانلىق پۇلىنى مىسالغا ئالساق. ئىقتىسادىي بوھراندىن 1996-يىلىغىچە بولغان ۋاقىتقىچە، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھۆكۈمەت نامرات كىشىلەرگە ياردەم پۇلى بېرىپ كەلدى. سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز پەقەتلا ئۆزىڭىزنىڭ بۇ ياردەم پۇلىنى ئېلىشنىڭ ئۆلچىمىگە مەڭگۈلۈك مۇناسىپ كېلىدىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاش. ئەگەر سىز ئاكتىپچانلىقىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ خىزمەت ئىزدىگىلى بېرىپ ، قىلىۋاتقان خىزمىتىڭىزنىڭ مائاشى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن نامراتلىق ئۆلچىمىدىن يۇقىرى بولسا بۇ ياردەم پۇلىغا ئېرىشەلمەيسىز. خىزمىتى بار نامرات كىشىلەر خىزمەت قىلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقىغا قاراپ پۇل خىراجەت قىلمىسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، خىزمەت

كېيىمى سېتىۋېلىش، پەرزەنتلەرنى باشقۇرۇشقا بېرىشكە پۇل تۆلەش ۋە قاتناشقا ئىشلىتىلگەن پۇل قاتارلىقلار. بۇ خىراجەتلەرنى خىزمەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. كۆپ قىسىم ئەھۋال ئاستىدا، نامرات كىشىلەر مەلۇم خىزمەتكە ئېرىشكەندە ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن پۇلى خىزمەت قىلمىغان ۋاقىتتىكىدىن تۆۋەن بولىدۇ، شۇنداقلا بىكار بولىدىغان ۋاقىتلىرى كېمىيىدۇ. پاراۋانلىق تۈزۈمى ھۆرۈن كىشىلەرنى پايدا ئالغۇزىدۇ، ئاكتىپ ھالدا پۇل تېپىشنى ئويلىغانلارنى بولسا جازالايدۇ. بۇ خىل پاراۋانلىق تۈزۈمى تېخىمۇ كۆپ نامرات كىشىلەرنىڭ چىقىشىغا سەۋەبچى بولماقتا.

يالغۇز تىرىشىپ خىزمەت قىلىش بىلەنلا پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر تىرىشىپ خىزمەت قىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقانچىلىك پۇلى يوق. بۇ كىشىلەر پۇل تېپىش بىلەن بىرگە قەرزنىڭ پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كېتىدۇ، كەينىدىن ئۇلار تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

يالغۇز مائارىپقا تايىنىپمۇ پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن، بىراق يەنىلا نامرات پېتى يۈرمەكتە. بىر ئۇلۇش خىزمەتكە ئېرىشىشمۇ پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرگە نىسبەتەن، خىزمەت پەقەت ۋەيران بولۇپ كېتىشتىن ياخشىراق بولۇشقىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ خىزمەتتىن ئېرىشكىنى جېنىنى ساقلاشقا ئارانلا يېتىدۇ، بىراق تۇرمۇشقا يەتمەيدۇ. نۇرغۇنلىغان خىزمىتى بار كىشىلەر ئائىلىسىنى بېقىش، مۇۋاپىق تۇردىكى تېببىي ساقلىق مۇلازىمەتلىرى ۋە مائارىپ تەربىيىسىگە ئېرىشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، ھەتتا پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ئىشلىتىدىغان ئازغىنە ئارتۇق پۇلىمۇ يوق.

## پۇلنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش

نىمە پۇلنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلالايدۇ

مالىيە باشقۇرۇش پاراستى پۇلنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلالايدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ، مالىيە باشقۇرۇش پاراستى دەل بىزنىڭ مالىيە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئەقىل-پاراستىمىزدۇر، بىزنىڭ پۈتكۈل ئەقىل- پاراستىمىزنىڭ بىر قىسمى. تۆۋەندىكىسى بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان پۇل مەسىلىلىرى:

1. « مەن يېتەرلىك پۇل تاپالمىدىم.»

2.«مەن قات- قات قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتىم.»

3.«مېنىڭ ئۆي ئېلىشقا قۇربىم يەتمەيدۇ.»

4.«مېنىڭ ماشىنام بۇزۇلۇپ قالدى، بىراق مەن قەيەردىن پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىپ ئۇنى ئوڭشىتىمەن؟»

5.«مېنىڭدە ئون مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بار، بىراق قەيەرگە مەبلەغ سالسام ياخشىراق بولار؟»

6.«بالىمىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماقچى، لېكىن بىزنىڭ ئۇنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىگۈدەك ئىقتىسادىمىز يوق.»

7.«مەن پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ئىشلىتىدىغانغا يېتەرلىك پۇل ئاجرىتىپ قويالمىغۇدەكمەن.»

8.«مەن ھازىرقى خىزمىتىمنى ياخشى كۆرمەيمەن، بىراق ئىستېپا بەرگۈمۇ يوق.»

9.«مەن پېنسىيەگە چىقتىم، لېكىن قويغان ئامانەت پۇللىرىمنى خەجلەپ بولايلا دەپ قالدىم.»

10.«مەن ئوپېراتسىيە پۇلىنى تۆلەشكە ئامالسىزمەن.»

مالىيە باشقۇرۇش پاراستى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى شۇنداقلا پۇلغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدۇ. بەختكە قارشى، ئەگەر مېنىڭ مالىيە باشقۇرۇش پاراستىم

يېتەرلىك تەربىيىلەشكە ئېرىشەلمىسە يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايمەن، ئۇنداقتا بۇ مەسىلىلەر ئىزچىل ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ، ئۇلار يوقالمايدۇ. يەنە كېلىپ كۆپ قىسىم ئەھۋاللاردا ئۇلار تېخىمۇ پاسسىپلىشىپ تېخىمۇ كۆپلىگەن پۇل مەسىلىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. مەسىلەن، مىليونلىغان ئادەملەر پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن خىراجەت پۇلىنى ئېشىنچە قىلىپ قويالمايدۇ. ئۇلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلمىسا، ئەھۋال تېخىمۇ يامانلىشىپ ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ داۋالاش سۇغۇرتىسىغا تېخىمۇ كۆپ پۇل تۆلىشىگە توغرا كېلىدۇ. سىز ياقتۇرۇڭ ۋەياكى ياقتۇرماڭ پۇل ئوخشاشلا سىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىڭىز ۋە تۇرمۇش سۈپىتىڭىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پۇل يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تۇرمۇشىڭىزغا نۇرغۇن قۇلايلىق ۋە بىر پۈتكۈل مۇلازىمەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ تەمىنلىگەن تاللاشتىكى ئەركىنچىلىك سىزنىڭ سىرتقا چىققاندا ئۆزىڭىز خالىغانچە تاكسى توسۇش ياكى ئاپتوبۇس،....، ياكى شەخسىي ئايروپىلاندا ئولتۇرۇشنى تاللىيالىشىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

سىز تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇپ كېتىسىز

پۇلنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋېتىش سىزنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىۋېتىدۇ

مەن تېخى كىچىك ۋاقتىمدىلا باي دادام ماڭا: «پۇلنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋېتىش سېنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىۋېتىدۇ- پەقەت سېنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىڭ بولسىلا.» ئۇ يەنە: «ئەگەر سەن پۇلنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋېتەلىسەڭ، مالىيە پاراستىڭ ئاشىدۇ. مالىيە پاراستىڭ ئاشسا سەن تېخىمۇ باي بولىسەن. ئەكسىچە بولسا، سەن پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلمىساڭ، سەن تېخىمۇ نامرات بولۇپ كېتىسەن. ئەگەر بەزى پۇل مەسىلىرىنى ھەل قىلىۋەتمىسەڭ، بۇ مەسىلىلەر كۆپىنچە ھاللاردا تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.» دېگەن ئىدى. ئەگەر سىز مالىيە پاراستىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرىمەن دەيدىكەنسىز ئۇنداقتا مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىدىغان بىر ئادەم بولۇشىڭىز

كېرەك. سىز ئۆزىڭىزنىڭ پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ مەڭگۈ باي بولالمايسىز. ئەمەلىيەتتە، پۇلنىڭ مەسىلىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتى قانچە ئۇزۇن بولغانسېرى، سىز شۇنچە نامراتلىشىپ كېتىسىز.

باي دادام ئۆزىنىڭ چىش ئاغرىقىنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرەتتى، بۇ دەل نېمىشقا بىر مەسىلىنىڭ تېخىمۇ كۆپلىگەن مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پۇلنىڭ مەسىلىسى چىش ئاغرىقىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر سەن ئامال قىلىپ ئاغرىقنى توختاتمىساڭ، ناھايىتى بىئاراملىق ھېس قىلىسەن. ئەگەر سەن بىئارام بولىۋەرسەڭ، چېچىلغاق بولۇپ قېلىپ، خىزمىتىڭنى ياخشى قىلالمايسەن. يەنە كېلىپ، ئەگەر چىش ئاغرىقنى ساقايتمىساڭ، تېخىمۇ ئېغىر بولغان يىغىندى كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چۈنكى ۋىرۇسلار ناھايىتى ئاسانلا ئېغىزغا كىرىۋېلىپ كۆپىيىدۇ. ھامان بىر كۈنى، سەن ئاستا خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىق سەۋەبىدىن خىزمىتىڭنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىسەن. خىزمەت بولمىسا، ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمەيسەن، ئەگەر ئۆي ئىجارە مەسىلىسىنى ھەل قىلمىساڭ كوچىدا قېلىپ نەگە بېرىپ نەدە تۈرىشىڭنى بىلمەي قالىسەن، ئامالسىزلىقتىن ئەخلەت ساندۇقىدىن بىر نەرسە تېپىپ يېيىشكە مەجبۇر بولىسەن، ساغلاملىقىڭ كاپالەتكە ئىگە بولمايلا قالماستىن، بۇ ۋاقىتتا چىشىڭ داۋاملىق ئاغرىۋاتقان بولىدۇ.»

گەرچە بۇ بىر رادىكالزىم مىسال بولسىمۇ، بىراق بىزگە قالدۇرغان تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر. مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ، شۇنداقلا مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلمىسا تېخىمۇ ئېغىر زەنجىرسىمان رېئاكسىيە يۈز بېرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدىم.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا چىشى ئاغرىيدىغان مەزگىلى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مالىيە مەسىلىسى ھەل بولمىسا. ئۇلار بېرىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلمايلا قالماستىن بەلكى

مەسىلىلەرگە سەل قارايدۇ، ياكى مەسىلىسىنى تولۇق ھەل قىلىۋېتەلمەي مەسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرسەم، پۇل يېتىشمىگەندە، نۇرغۇن كىشىلەر ئىناۋەتلىك كارتا ئارقىلىق مەسىلىنى ۋاقىتلىق ھەل قىلىدۇ. ناھايىتى تېزلا ئۇلار بىر دۆۋە ئىناۋەتلىك كارتىنىڭ تالونلىرىنى تۆلەشكە، قەرزدارلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئۆي-مۈلۈك قەرزى ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق ئىناۋەتلىك كارتا قەرزىنى تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. مەسىلە شۇكى، ئۇلار بۇ ۋاقىتتا يەنىلا ئىناۋەتلىك كارتا ئىشلىتىۋاتقان بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار تېخىمۇ كۆپ ئۆي- مۈلۈك قەرز پۇلى ۋە ئىناۋەتلىك كارتا تالونلىرىنى تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئىناۋەتلىك كارتا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇلار يېڭى ئىناۋەتلىك كارتا ئىشلىتىش ئارقىلىق قەرزنى تۆلىمەكچى بولىدۇ. پۇلنىڭ مەسىلىسى قانچە ئېغىرلاشقانسېرى ئۇلار شۇنچە ئازاب ھېس قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىناۋەتلىك كارتا ئىشلىتىپ ساياھەتكە چىقىدۇ. ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ بارلىق قەرزلەرنى تۆلەشكە قۇربى يەتمەي، ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، مەسىلە تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىنغان بولمايدۇ، خۇددى چىش ئاغرىقىغا ئوخشاش داۋاملىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەسىلىنىڭ تۈپكى سەۋەبى ئۇلاردا مالىيە پاراسىتىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدا. مالىيە باشقۇرۇش پاراستى كەم بولغانلىق تۈپەيلى ئاددىي بولغان مالىيە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقىمۇ قۇربى يەتمەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ھەرگىزمۇ مەسىلىلەرنى تۈپكى نېگىزىدىن ھەل قىلمايدۇ- بۇ مەسىلىنىڭ مەنبەسى خىراجەت قىلىش ئادىتى- دەل مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى تاللاشتۇر. بۇ خۇددى ئوت ئۆتىغانغا ئوخشايدۇ. ئەگەر سىز ئوت-چۆپنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ ئېلىۋەتمىسىڭىز ئۇ ناھايىتى تېزلا يەنە ئۆسۈپ چىقىدۇ، يەنە كېلىپ ناھايىتى ئېگىز ئۆسىدۇ. مالىيە مەسىلىسىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

گەرچە بۇ مىساللار قارىماققا بىر تەرەپلىمىلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلارنى قەيەردىلا بولمىسۇن

ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ھالقىلىق مەسىلە شۇكى، مالىيە مەسىلىسى كىلىشمەسلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان ياخشى بىر پۇرسەت. ئەگەر كىشىلەر بۇ مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلالىسا تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇپ كېتىدۇ، ئىقتىسادىي قابىلىيىتى شۇنچە يۇقىرىلايدۇ؛ بىردىنلا تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ مالىيە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ؛ ئەگەر تېخىمۇ كۆپ مالىيە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالايدىغان بولسا تېخىمۇ باي بولۇپ كېتىدۇ.

مەن ماتېماتىكىنى ئېلىپ مىسال كەلتۈرۈشنى ياقتۇرىمەن. نۇرغۇن كىشىلەر ماتېماتىكىنى ياقتۇرمايدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇم، ئەگەر ماتېماتىكا تاپشۇرۇقى(ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى مەشىق قىلىش) ئورۇنلانمىسا سىز مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايسىز؛ ئەگەر ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلمىسىڭىز، سىز ماتېماتىكا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيسىز؛ ئەگەر ماتېماتىكا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسىڭىز، سىزنىڭ ماتېماتىكا نەتىجىڭىز لاياقەتسىز بولىدۇ، بۇ سىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرەلمەيدىغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ چاغدا سىزنىڭ تاپالايدىغان بىردىنبىر خىزمىتىڭىز McDonald دا ئىشلەش، ناھايىتى تۆۋەن مائاش ئېلىش. بۇ بىر كىچىك مەسىلىنىڭ تەدرىجىي ھالدا چوڭ مەسىلىگە ئايلانغانلىقىنىڭ مىسالى.

ئەكسىچە، سىز جاپالىق مەشىق قىلىپ ماتېماتىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىۋەتسىڭىز، سىز تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇپ كېتىسىز، تېخىمۇ مۇرەككەپ ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان بولىسىز. كۆپ يىللىق جاپالىق ئۆگىنىشتىن كېيىن سىز بىر ماتېماتىكا تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىسىز، ئەسلىدە ناھايىتى تەس دەپ قارالغان مەسىلە ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاسانلىشىپ كېتىدۇ. بىز ھەممىمىز چوقۇم 2+2 قانچە بولىدۇ دېگەننى ئۆگىنىشتىن باشلىشىمىز كېرەك، ئۇزلۇكسىز ئۆگەنگەن كىشىلەر ئەڭ ئاخىرىدا مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشىدۇ.

نامراتلىقنىڭ سەۋەبى

ئاتالمىش نامراتلىق يۈز بەرگەن مەسىلىلەر ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن بىر ھالەت خالاس. نامراتلىقتا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەب، ئادەملەرنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلماي، مەسىلىلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىشى. ھەرگىزمۇ بارلىق نامراتلىق يالغۇز مالىيە مەسىلىسى سەۋەبىدىن بولمايدۇ. نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر ھەرتۈرلۈك بولىدۇ، مەسىلەن، زەھەر چېكىش، لايىقنى خاتا تېپىپ قېلىش، ئامانلىقى ناچار رايوندا تۇرمۇش كەچۈرۈپ قېلىش، خىزمەت ئىقتىدارى بولماسلىق، خىزمەتكە بارىدىغان قاتناش ۋاستىسى بولماسلىق ياكى تېببى ساغلاملىق پۇلىنى تۆلىيەلمەسلىك قاتارلىقلار.

بۈگۈن بىر قىسىم مالىيە مەسىلىلىرى ، مەسىلەن پاسسىپ قەرز بەك كۆپ بولۇپ كېتىش ۋە مائاش ئاز بولۇش قاتارلىقلار شەخسىيلەرنىڭ باشقۇرۇش ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كەتكەن، بۇ مەسىلىلەر تېخىمۇ كۆپ تەرەپتىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئىقتىسادىي چوڭ مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مىسال ئېلىپ سۆزلىسەم، تۆۋەن مائاشلىق بولۇپ قېلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ بىرى ، نۆۋەتتە يۇقىرى مائاشلىق ئىشلەپچىقىرىش كەسپى سىرتقى دۆلەتلەرگە قاراپ كۆچتى. بۈگۈن بىزنىڭ ناھايىتى كۆپ خىزمەت تېپىش پۇرسىتىمىز بار، بىراق بۇلار مۇلازىمەت خاراكتېرلىك بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك ئەمەس. مەن تېخى كىچىك ۋاقتىمدا، ئامىباب ماشىنىلىرى شىركىتى دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ياللىغۇچى ئىدى. لېكىن بۈگۈن Wal-Mart ئەڭ چوڭ ياللىغۇچى بولۇپ بولۇپ قالدى. ھەممىمىز بىلىمىزكى، Wal-Mart ھەرگىزمۇ يۇقىرى مائاشلىق خىزمەت ۋە يۇقىرى كاپالەتكە ئىگە پېنسىيە مائاشى بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ.

50 يىل ئىلگىرى، ئىشلەپچىقىرىش كەسپى كارخانىلىرى تېببىي ساغلاملىق ۋە پېنسىيە پاراۋانلىق پۇلى تەمىن ئېتەتتى. لېكىن ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە مىليونلىغان ئىشچىلارنىڭ تاپقان پۇلى بارغانسېرى ئاز بولماقتا، شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا تېخىمۇ كۆپ پۇل بىلەن تېببىي چىقىمنى تۆلەشكە ۋە پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنكى تۇرمۇشى ئۈچۈن پۇل يىغىپ

قويۇشقا مەجبۇر بولىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر ھەل بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى دۆلەت دەرىجىلىك چوڭ بىر مەسىلە، ئادەمنىڭ ئىقتىدارى بىلەن قىمىرلاتقىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس. بۇ مەسىلىلەرنىڭ تۈپ سەۋەبى راست - يالغاننى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە ھەممىلا ئادەم ئۆز يېقىنلىرىنىڭ نەپسىگە چوغ تارتىدىغان ناچار سىياسەت.

پۇلنىڭ پرىنسىپى

پۇلنىڭ قائىدىسىدە ئاللىبۇرۇن ئۆزگىرىش بولدى

1971-يىلى، نىكسون زۇڭتۇڭ پۇلنى ئاساس قىلىدىغان تۈزۈمنى قالدۇرىۋەتتى، بۇ پالاكەت باسقان سىياسەت پۇلنىڭ پرىنسىپىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ دۇنيا تارىخىدىكى بىر قېتىملىق ئەڭ چوڭ مالىيە ئۆزگىرىشى بولۇپ قالدى، بىراق ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەرلا بۇ ئۆزگىرىشنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىقتىسادقا بولغان تەسىرىنى تونۇپ يەتتى. نېمە ئۈچۈن تا ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ يەنىلا پۇل ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى دەل نىكسوننىڭ ئاشۇ قېتىملىق نۇتقى سەۋەبىدىن بولدى.

1971- يىلى ئامېرىكا دوللىرى ئۆلدى، چۈنكى ئۇ ئەمدى پۇل بولالماي قالدى ئۇ بىر خىل ئورتاق ئوبوروتقا ئىشلىتىلىدىغان پۇلغا ئايلاندى. پۇل ۋە ئوبوروت قىلىشقا ئىشلىتىدىغان پۇلنىڭ پەرقى چوڭ.

«ئوبوروت» قىلىنىدىغان (Currency)پۇلدىكى «ئېقىم، ئاقما»(Current) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، خۇددى ئېلېكتر ئېقىمى ۋە دېڭىز سۈيىنىڭ ئېقىشىغا ئوخشايدۇ. بۇ سۆز ھەرىكەتلىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئادەتتە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئوبوروت قىلىنىدىغان پۇل ئۇدا ھەرىكەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ھەرىكەتنى توختىتىدىكەن، ئۇ ناھايىتى تېزلا قىممىتىنى يوقىتىدۇ. ئەگەر يوقاتقان قىممىتى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، كىشىلەر ئۇنى قايتا قوبۇل كۆرمەيدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئۇنى قايتا قوبۇل كۆرمىسە، ئوبوروت سوممىسىنىڭ

قىممىتى تۈز سىزىقنى بويلاپ نۆلگە كېلىپ توختىغىچە چۈشۈپ كېتىدۇ. بىراق 1971-يىلىدىن كېيىن ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتى نۆلگە قاراپ چۈشۈشكە باشلىدى.

تارىخقا نەزەر سالساق بارلىق ئوبوروت سوممىلىرىنىڭ قىممىتى ئەڭ ئاخىرىدا نۆل بولۇپ قالغان. پۈتۈن تارىخنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەك نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى قەغەز پۇل تارقىتىپ باققان. مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «چوڭ قۇرۇقلۇق ئاقچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان قەغەز پۇلنى تارقاتتى. بىراق ئۇزۇنغا بارمايلا، بۇ خىل پۇلنىڭ قىممىتى نۆلگە چۈشۈپ قالدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بىر خىل پۇلنى بېسىپ تارقىتىپ قەرز قايتۇرۇپ ئامېرىكا ئاقما ماللىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. گېرمانىيە ئوتتۇرا بۇرۇژئازىيىسىنىڭ ئامانەت پۇلى كەينىدىنلا يوق بولۇپ كەتتى. 1933-يىلى، نۇرغۇنلىغان گىرمانىيلىكلەرنىڭ يانچۇقىدا بىر تىيىنمۇ قالمىغان بۇلۇپ، ئۇلار روھى سۇنغان ھالدا گېتلىرنى تەختكە چىقىرىپ ئۇنىڭ ئىقتىساد مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا ئۈمىد باغلىدى. ئوخشاشلا يەنە 1933-يىلى ، فىرانكىلىن. رۇكفېللىر جەمئىيەت پاراۋانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ئامېرىكىلىقلارنىڭ پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. گەرچە جەمئىيەت پاراۋانلىق ۋە تېببىي سۇغۇرتا قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي بالايىئاپەتلەر بولۇپ تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ئەگەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تېخىمۇ كۆپ «ساختا پۇل»① يەنى قەغەز پۇل بېسىپ، جەمئىيەت پاراۋانلىقى ۋە تېببىي سۇغۇرتىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلمەن دەيدىكەن، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈشى تېخىمۇ تېزلىشىدۇ، ئىقتىسادىي مەسىلە تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ پەقەت كەلگۈسىدىلا يۈز بېرىدىغان مەسىلە ئەمەس. ئۇ مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇلۇمبېرگ② Bloomberg L.P مەسلىھەتچىلىكىنىڭ يېقىنقى تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىشىچە، 2001-يىلى 1-ئايدا كىچىك بوش ئامېرىكىغا زۆڭتۈڭ

بولغاندىن باشلاپ ئامېرىكا دوللىرىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى 13.2 پىرسەنت چۈشكەن.

①ساختا پۇل: ساختا پۇل(Funny money) قەغەز پۇل پەقەت پۇلنىڭ بەلگىسى خالاس، ئۇنىڭ ئەمەلىي قىممىتى ئادەتتە ئۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان قىممەتتىن كۆپ تۆۋەن بولىدۇ.

②بۇلۇمبېرگ Bloomberg L.P: دۇنياۋىلاشقان ئۇچۇر، خەۋەر ۋە ئاخبارات مۇلازىمىتى تەمىنلەيدىغان بىر شىركەت.

نىكسوننىڭ ئامېرىكا دوللىرى تەرەپكە ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىش سەۋەبىنىڭ بىرى كۆپلىگەن ئامېرىكا ئامېرىكىنىڭ قات- قات قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىشىگە، ھەم شۇنداقلا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سىرتتىن قەرز ئېلىشقا ئېلىپ بېرىلدى. 1971-يىلى پۇلنىڭ پىرىنسىپىدا ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن ئامانەت قويغۇچىلارمۇ مەغلۇبىيەتچىلەرگە ئايلاندى، قەرزدارلار بولسا غالىبىيەتچىلەرگە ئايلاندى. بىر خىل يېڭى كاپىتالىزم تۈزۈمى ئوتتۇرىغا چىقتى. ھازىر، مەن بەزى كىشىلەرنىڭ «سەن ئەسلى ئامانەت قويساڭ بولاتتى» ياكى «پېنسىيەگە چىقىشىڭ ئۈچۈن ئازراق پۇل يىغىپ قوي» دېگىنىنى قابىلىيەتلىغىنىمدا، مەن ئۇلارنىڭ پۇلنىڭ پىرىنسىپىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىگە گۇمانلىنىمەن.

كونا كاپىتالىزم تۈزۈمىدە، پۇلنى ئامانەت قويۇش ئاقىلانىلىك ئىدى. بىراق يېڭى كاپىتالىزم تۈزۈمى ئاستىدا، پۇل ئامانەت قويۇش پەقەت ھاماقەتلەرچە ئېلىپ بېرىلغان مالىيە قىلمىشى. پۇلنى ئاقمىچانلىقتىن توختىتىپ قويۇش ئۇنىڭ مەنىسىنى يوقىتىدۇ. پۇل خۇددى توك ئېقىمىغا ئوخشاش چوقۇم تېزلىكتە بىر كاپىتالدىن يەنە بىر كاپىتالغا ئالمىشىشى كېرەك. پۇلنىڭ مۇددىئاسى كاپىتالغا ئېرىشىش، كاپىتالنىڭ يا قىممىتى كۆتۈرۈلىدۇ، يا بولمىسا نەق پۇل ئاقمىسى ھاسىل قىلىدۇ. پۇل چوقۇم تېز سۈرئەتتە ھەقىقىي قىممىتى بىلەن ئېشىلىتىلىپ ھەقىقىي كاپىتالغا ئېرىشىشى كېرەك، چۈنكى پۇلنىڭ ئەسلىدىن قىممىتىنىڭ چۈشۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز. رېئال كاپىتاللار بولغان ئالتۇن، نېفىت، كۈمۈش، ئۆي ۋە پايچەك

قاتارلىقلارنىڭ قىممىتىنىڭ ئۆسۈشى دەل پۇل قىممىتىنىڭ تۆۋەنلىگەندىكىدىن. رېئال مال-مۈلۈكلەرنىڭ قىممىتى ھەرگىزمۇ ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي كاپىتالغا ئېرىشىشنىڭ پۇل ساندا ئۆزگىرىش بولغانلىقىدا.

گېلىيشىن قانۇنى① شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى: «ئەگەر قىممىتى يېتىشمىگەن تەڭگە پۇللار ئاقما رايونىغا كىرسە كىشىلەر قىممىتى يېتەرلىك بولغان تەڭگە پۇللارنى ساقلىۋالىدۇ.» 1971-يىلى، ئامېرىكا پۈتۈن دۇنياغا «ساختا پۇل» - ناچار پۇلنى يۆتكەشكە باشلىدى. يېڭى كاپىتالىزم تۈزۈمى ئاستىدا بۇ بۈگۈن پۇل قەرز ئېلىپ ئەتە تېخىمۇ ئەرزان بولغان پۇل ئارقىلىق بۇنى قايتۇرۇشتىن دېرەك بېرەتتى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇنداق قىلغان ئىكەن، بىزمۇ نېمىشقا مۇشۇنداق قىلمايمىز؟ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قات- قات قەرزلەرگە بوغۇلغان، نېمىشقا بىزمۇ پاسسىپ قەرزگە بوغۇلمايمىز؟ ئەگەر سىز بىر سېستىمىنى ئۆزگەرتەلمىسىڭىز، بىردىنبىر غەلىبە قازىنىش ئۇسۇلى ئۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىشتىن ئىبارەت.

1971-يىلدىكى پۇلنىڭ پرىنسىپىدىكى ئۆزگىرىش ئامېرىكا دوللىرىنىڭ سېتىۋېلىش قىممىتىنى يۇقىرى نىسبەتتە چۈشۈرىۋەتتى. پايچىك بازىرى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئۆز قولىدىكى ئامېرىكا دوللىرىغا بىخەتەرلىك رايونى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىدىن قىزىپ كەتتى. گەرچە ئىقتىسادشۇناسلار بۇنى ئوبوروتتىكى پۇلنىڭ كېڭىيىشى دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە پۇل پاخاللىشىۋاتاتتى. ئۆي باھاسىنىڭ ئۆسۈشى ئۆي ئىگىلىرىنى تېخىمۇ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى، چۈنكى ئۇلار ئۆيىنىڭ قىممىتى ئېشىۋاتىدۇ دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆينىڭ باھاسى قارىماققا ئاشقاندەك قىلغان بىلەن، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى تۆۋەنلەۋاتاتتى. يۇقىرى سومىلىق ئۆي باھاسى ۋە تۆۋەن مائاشلىق ياشلارنىڭ مائاش پۇلى ئۇلارنىڭ تۇنجى ئۆيىنى سېتىۋېلىشىنى ناھايىتى مۈشكۈل قىلىپ قوياتتى. ئەگەر ياشلار پۇلنىڭ قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تونۇپ يېتەلمىسە، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ داۋاملىق پاخاللىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇلار ئاتا- ئانىسىدىنمۇ نامرات كۆنگە

قالىدۇ.

①گىرىشېم قانۇنى: پاسسىپ تەڭگە ئاكتىپ تەڭگىنى قوغلاش قانۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 16-ئەسىردە ئەنگىلىيە پۇل-مۇئامىلىشۇناس، سودىگەر توماس.گرېشام Sir Thomas Gresham ئوتتۇرىغا قويغان. ئەينى ۋاقىتتا، بازاردا ئېقىپ يۈرگىنى ھەممىسى مېتال تەڭگە بولۇپ، كىشىلەر قىممىتى تۆۋەن مېتال تەڭگە ۋە قىممىتى يۇقىرى مېتال تەڭگە ئوخشاشلار ئۇنۇمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقاپ، قىممىتى يۇقىرى مېتال تەڭگە(ئاكتىپ تەڭگە)نى يوشۇرۇپ قويۇپ، قىممىتى تۆۋەن بولغان مېتال تەڭگە(پاسسىپ تەڭگە) نى تېزدىن خەجلەپ قولدىن چىقارغان. نەتىجىدە، پاسسىپ تەڭگە ئاكتىپ تەڭگىنى بازاردىن قوغلاپ چىقارغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بازاردا ئېقىپ يۈرگەن تەڭگىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئەمەلىي قىممىتىدىن تۆۋەن بولىدۇ.

پۇل قائىدىسىدىكى يەنە بىر ئۆزگىرىش

پۇلنىڭ قائىدىسىدىكى يەنە بىر ئۆزگىرىش 1974-يىلى يۈز بەرگەن. 1974-يىلىدىن ئىلگىرى، كارخانىلار خىزمەتچىلەرگە پېنسىيە مائاشى تەمىنلەيتتى. پەقەت پېنسىيەگە چىققان خىزمەتچى ھايات بولسىلا كارخانىلار ھەربىر ئادەمنىڭ بىر ئۆلۈش پېنسىيە پۇلىغا ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلاتتى. سىز بەلكىم بىلىشىڭىز مۇمكىن، ھازىرقى ئەھۋال بۇرۇنقىغا تامامەن ئوخشىمايدۇ.

بۇرۇنقى پېنسىيە پۇلى بېرىش پىلانى بارلىق خىزمەتچىلەرگە ئۆمۈرلۈك تۇرمۇش پۇلى بەرگەچكە، مۇقىم پاراۋانلىق پۇلى( Defined Benefit) ياكى قىسقارتىلىپ DB تىپلىق پېنسىيە پۇلى پىلانى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە، ناھايىتى ئاز سانلىق شىركەتلەرلا بۇ خىل پېنسىيە پىلانىنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. بۇنداق بولۇشى بۇ خىل پېنسىيە پۇلى پىلانىغا سەرپ قىلىدىغان خىراجەتنىڭ بەك كۆپ ئىكەنلىكىدە. 1974-يىلىدىن كېيىن يېڭىچە بىر خىل

پېنسىيە پۇلى پىلانى- تۇراقلىق قەرز تەمىنلەش (Defined Contribution)، DC تىپلىق پېنسىيە پۇلى پىلانى ئوتتۇرىغا چىقتى. نۆۋەتتە بۇنىڭغا ئوخشاش پىلانلاردىن يەنە ①KK401 پېنسىيە پۇلى پىلانى، شەخسىي پېنسىيە ئابونت نومۇرى IRAs ۋە كېئو پىلانى② Keogh Plan قاتارلىقلار بار. يىغىنچاقلىغاندا، DC پېنسىيە پۇلى پىلانى خىزمەتچىلەرگە ئۆمۈرلۈك پېنسىيە كاپالىتى تەمىنلىيەلمەيدۇ. ئەگەر سىز ۋە سىزنى ياللاپ ئىشلەتكۈچى پۇل تۆلىگەن بولساڭلار، سىزنىڭ ئېرىشىدىغىنىڭىز دەل سىلەر تۆلىگەن شۇ پۇلنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ.

«بۈگۈنكى ئامېرىكا» ژورنىلى ئىلگىرى بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى تېررورىزىمچىلار ئەمەس بەلكى پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن خىراجەت قىلىدىغان تۇرمۇش پۇلىنىڭ بولماسلىقى ئىكەن. بۇ خىل ئەندىشىنىڭ ئاساسى يوقمۇ ئەمەس. ئامېرىكىنىڭ مائارىپ سىستېمىسى ئۆز خەلقنى مالىيە باشقۇرۇش بىلىملىرى ئارقىلىق قوراللاندۇرغىنى يوق، بىراق بۇ مالىيە باشقۇرۇش بىلىملىرى ئامېرىكىلىقلارنىڭ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنكى مەبلەغ سېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايتتى. ئەگەر مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا پۇلغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئۆگەتتى دەپ قارىساق، ئۇلار پەقەت ئوقۇغۇچىلارغا قانداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ھېساب كىتاب خاتىرىسىنىڭ تەكشۈرۈلۈشىگە ساقلايدىغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا ياخشى بولغان فوندنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى شۇنداقلا قانداق قىلىپ ۋاقتىدا قەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتەك نۇرغۇن مالىيە مەسىلىلىرىمىزنى ھەل قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان ئىقتىسادىي قابىلىيەتلەرنى ئۆگەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، نۇرغۇن كىشىلەر پۇلنىڭ قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتمىدى، ئۇلار ئامانەت قويسىمۇ، ئۇلار يەنىلا باي بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ياشانغاندا بېقىنىش سۇغۇرتىسىغا ئاجرىتىلغان مەبلەغنىڭ يېتىشمەسلىكى كېيىنكى قېتىملىق ئېغىر ئامېرىكا ئىقتىسادىي بوھرانىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

پۈتۈنلەي هۆكۈمەتنىڭ كاپالىتىگە تايىنىپ كەتمەسلىك كېرەك

كىشىلەرنىڭ كەلگۈسى ئىقتىساد ئەهۋالىدىن ئەنسىرىشى جەمئىيەت سۇغۇرتىسى ۋە تېببىي سۇغۇرتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى، هۆكۈمەتنىڭ بىخەتەرلىك كاپالىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ئۆزىنىڭ مالىيە مەسىلىلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئېهتىياجىنى قامداش ئۈچۈن. بۇ ئىككى تۈزۈلمە ئاللىبۇرۇنلا ۋەيران بولدى. تىببى سۇغۇرتا زىيان تارتىپ تۇرۇپ تىجارەت قىلىۋاتىدۇ، جەمئىيەت سۇغۇرتىسىمۇ ئۇزاقچا قالمايلا قەرزگە بوغۇلۇش هالىتىدە قالىدۇ. 2008-يىلى، 78مىليون بوۋاق تاشقىنى③دىكى بىرىنچى ئەۋلاد كىشىلەر پېنسىيەگە چىقىشقا باشلىدى، ئۇلار ئارىسىدىكى كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشنى قامدىغۇدەك پېنسىيە پۇلى ئېغىر كەمچىل بولماقتا. ئامېرىكا هۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، جەمئىيەت سۇغۇرتىسىنىڭ قەرزى 1000 مىليارد دوللار ئەتراپىدا بولۇپ، تېببىي سۇغۇرتىنىڭ قەرزى 6400 مىليارد دوللار ئەتراپىدا ئىكەن. ئەگەر بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئىشەنچلىك بولسا، بۇ ئامېرىكا هۆكۈمىتىنىڭ پېنسىيەگە چىققان خىزمەتچىلەر ئۈچۈن 7400 مىليارد دوللار بېرىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ پۇل پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق پايچېكى بازىرىدىكى پۇللارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ. بۇ پەقەت مالىيە پاراستى ئارقىلىقلا هەل قىلغىلى بولىدىغان چوڭ مەسىلە. بۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن مەبلەغ قانچە كۆپ بولسا، بۇ مەسىلە شۇنچە يامانلىشىپ ماڭىدۇ هەتتاكى پۈتكۈل «ساختا پۇل» سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىپ، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتىنى نۆلگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ.

نېمىشقا بايلار تېخىمۇ باي بولۇپ كېتىدۇ

پۇلنىڭ قانۇنىيىتى ئۆزگەردى، دەل بۇ خىل ئۆزگىرىش سىزنى تېخىمۇ نامرات قىلىۋېتىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ سىزنىڭ كونترول قىلىدىغان دائىرىڭىزدە بولمىغاچقا ناهايىتى ئادالەتسىزدەك

بىلىنىدۇ. ھەقىقەتەن ئادالەتسىزلىك. باي بولۇشنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى، پۇل سىستېمىسىنىڭ ئادىل ياكى ئەمەسلىكى بىلەن تونۇشۇش، پۇل سىستېمىسىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە بۇلارنى قوللىنىش. بۇ مالىيە پاراستى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا مالىيە ئەقىل پاراستىگە پەقەت مالىيە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

①پېنسىيە پۇلى پىلانى401KK: ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچكى ئېچى باش باج مەھكىمىسىنىڭ باج تەرتىپ نومۇرى. بۇ خىل باجدا ياللىغۇچى ۋە ياللانغۇچىنىڭ بىر قىسىم كىرىمگە تاپشۇرىغان باجنى كېچىكىپ تاپشۇرۇشقا يول قويىلىدۇ.

②كېئو پىلانى Keogh Plan: بۇ بىرخىل شەخسىي ياللىغۇچى ياكى شىركەت خاراكتېرىنى ئالمىغان كارخانا ياللىغۇچىسىنىڭ شەخسىي باج يىغىش ۋاختىنى ئۇزارتىش تالونى.

③بوۋاق تاشقىنى: مەلۇم ۋاقىتتا مەلۇم جايدىكى تۇغۇلۇش نىسبىتى زور دەرىجىدە يۇقىرىلاش ھادىسىسى. ئامېرىكىدىكى 1946-يىلىدىن 1964-يىلغىچە تۇغۇلغان نوپۇسنى ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ.

باي دادام شۇنداق دەيدۇكى: «باي ئادەمنىڭ تېخىمۇ باي بولۇپ كېتىشى، ئۇلارنىڭ مالىيە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىدا. بايلار مالىيە مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىش، يېتىلىش، تېخىمۇ ئەقىل بولۇش ۋە باي بولۇشنىڭ پۇرسىتى دەپ قارايدۇ. بايلار ئىقتىسادىي قابىلىيىتىنىڭ قانچە يۇقىرى بولسا تېخىمۇ چوڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. بايلار مالىيە مەسىلىلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ، چەتكە ئالمايدۇ، بەلكى بۇ مەسىلىلەرنى قارشى ئالىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىش پۇرسىتى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ دەل ئۇلارنىڭ نېمىشقا بارغانسېرى باي بولۇپ كېتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى.»

نامراتلار پۇل مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ

نامرات كىشىلەرنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، باي دادام مۇنداق دەيدۇ: «نامرات ئادەملەر پۇل مەسىلىنى پەقەت مەسىلە دەپلا قارايدۇ. نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۇلارنى پۇلنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار دەپ قارايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنى بىردىنبىر پۇل مەسىلىسى بار ئادەم دەپ قارايدۇ. ئۇلار تېخىمۇ كۆپ پۇل بولسىلا پۇل مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايتتى، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىسىنى هەل قىلىش ياكى مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئېلىپ كېتىدىغان ئىقتىدارى يوق بولۇپ، پەقەت پۇل مەسىلىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىدۇ، شۇنداقلا مەسىلىنى تېخىمۇ ئېغىر قىلىۋېتىدۇ. ئۇلار تېخىمۇ باي بولۇپ كەتمەستىن، بەلكى تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قابىلىيىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە ئېرىشەلمەيدۇ، بىردىنبىر يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغان نەرسە ئۇلارنىڭ مالىيە مەسىلىلىرى.»

ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىدىكىلەر پۇل مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ

نامراتلار پۇلنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار بولسا، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىدىكىلەر پۇلنىڭ مەهبۇسى. ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنى تىلغا ئالغاندا باي دادام مۇنداق دەيدۇ: «ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىدىكىلەر باشقا بىر خىل ئۇسۇل ئارقىلىق پۇل مەسىلىسىنى هەل قىلىدۇ، ئۇلار ئامال قىلىپ پۇل مەسىلىسىنى هەل قىلىشنى ئويلاشماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەقلىنى ئۇستۇن چاغلاپ، پۇل ئۇستىدىن غالىب كېلىمىز دەپ ئويلايدۇ. ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىدىكىلەر پۇل تۆلەش ئارقىلىق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، بىر كىشىلىك كاپالەتكە ئىگە خىزمەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ناهايىتى ئەقىللىق، پۇل تاپالايدۇ، شۇنداقلا ئۇلار پۇل مەسىلىسى ئوتتۇرىسىدا بىخەتەرلىك توسىقى- بۇففېرلاش رايونىنى قۇرىدۇ. ئۇلار ئۆي سېتىۋالىدۇ. ۋاقتىدا ئىشقا چىقىپ چۈشىدۇ، ئېهتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرىدۇ ، شىركەتتە

سالماق قەدەم بىلەن يۇقىرىغا يامىشىدۇ، ئۇلار يەنە پايچېك، زايوم ۋە فوند سېتىۋېلىپ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنلىك ئامانىتى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ كۆرگەن مائارىپ تەربىيىسىنىڭ پۇل دۇنياسىدىكى رەھىمسىز سىناق ۋە ئازابلىق مۇئامىلە قىلىشلارغا تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىغا يېتەرلىك ئىكەنلىكىدىن شەكلەنمەيدۇ.»

«50 ياشقا كىرگەندە، » دەيدۇ باي دادام «نۇرغۇن ئوتتۇرا بۇرۇژئازىيىدىكىلەر شۇنى بايقايدۇكى، ئۇلار ئۆز ئىشخانىسىنىڭ مەھبۇسىغا ئايلانغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپ قىسىملىقلىرى ئەتىۋارلىنىشقا ئۈچرايدۇ. ئۇلارنىڭ كەسپى بىلىمى بار، يېتەرلىك پۇل تاپالايدۇ، شۇنداقلا يېتەرلىك ھالدىكى خىزمەت ئۈستىدىكى بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بار. گەرچە ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىقتىساد مەسلىسى تەرىپىدىن باغلانغانلىقىنى بىلسىمۇ، بىراق ئۇلاردا ئىشخانىدىن قېچىپ چىقىدىغان مالىيە پاراستى كەمچىل. 65 يېشىدا ئۇلار پېنسىيەگە چىقىدۇ، يەنە 15 يىل ، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئېنىقكى ئۇلار تېخىمۇ تەپسىلىي ھېسابات قىلىپ كۈنلىرىنى ئەپلەپ- سەپلەپ ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.»

باي دادام شۇنداق دەيدۇكى: «ئوتتۇرا بۇرۇژئازىيىدىكىلەر ئىلىم- پەن ۋە كەسپىي بىلىم جەھەتتىكى ئەقىللىقلىقى بىلەن پۇل مەسلىسىدىن غالىب كېلىشنى ئويلايدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپ قىسىم كىشىلەر ئىقتىسادىي قابىلىيىتى مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ مالىيە بىخەتەرلىكىگە زىيادە كۆڭۈل بۆلۈپ مال- دۇنيا رىقابىتىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئاتالانماسلىقىنىڭ سەۋەبى. ئوتتۇرا بۇرۇژئازىدىكىلەر كارخانىچى بولۇشنى ئويلىمايدۇ، بەلكى كارخانىچىلارغا يالىنىپ ئىشلەشنى خالايدۇ؛ ئۇلار مەبلەغ سالمايدۇ، بەلكى پۇللىرىنى مالىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىقتىساد قابىلىيىتىدە ئىلگىرىلەش كۆرۈلمەيدۇ، بەلكى داۋاملىق ئىشخانىغا بېكىنىۋېلىپ ئالدىراشچىلىقتا بەند بولۇپ ئۆتىدۇ.»

بايلار پۇل مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ

مالىيە پاراسىتىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ باقساق ناھايىتى ئاسانلا شۇنى بايقايمىزكى، بىر ئادەم باي بولۇشنى ئويلىسا، چوقۇم 5 تۈرلۈك يادرولۇق ئەقىلگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ كىتابتا سۆزلەنگىنى دەل مۇشۇ 5 خىل مالىيە پاراسىتىدۇر.

بۇ كىتاب يەنە «بېجىرىم » لىك مەسىلىسىنى تىلغا ئالغان. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ سۆزنى تىلغا ئالغاندا، بىر نەزەرىيىۋى ئۇقۇمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ھەرگىز بۇ ئەمەس. بۇ يەردە كۆرسىتىلگىنى مۇكەممەل، كۆپ تەرەپلىمە دېگەن مەنىدە. «ۋېبىشى چوڭ لۇغىتى» دىكى چۈشەندۈرۈلۈشى مۇنداق: «مۇكەممەل ياكى ئايرىلالمايدىغان خاراكتېر ياكى ھالەت.» ئەگەر سىز بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان بەش تۈرلۈك مالىيە پاراسىتىنى ئىگەللىۋالسىڭىز، سىز دەل بېجىرىم بولغان مالىيە كاپالىتىگە ئىگە بولغان بولىسىز.

باي كىشىلەر پۇل مەسىلىسىگە يولۇققاندا، ئۇلارنىڭ مالىيەسى بېجىرىم بولغانلىقى ئۈچۈن مەسىلىلەرنى ئاسانلا ھەل قىلىۋېتەلەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى مالىيە پاراسىتى ئارقىلىق مەسىلىلەرگە يۈزلىنىپ ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىپ كېلىشتىن يېتىشتۈرۈپ چىققان ئىقتىدارى. ئەگەر بايلار پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى بىلمىگىنىدە، ئۇلار ئاسانلىقچە مەغلۇب بولغاندا تىرىشچانلىقتىن ۋاز كەچمىگەن بولاتتى. ئۇلار پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. بۇ جەرياندا، ئۇلار مالىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەرەپتە تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇپ كېتىدۇ، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بولغان ئىقتىدارى تېخىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. بايلار ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدۇ، ئۇلار ئۇزلۇكسىز ئۆگىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆگىنىشتىن كېيىن تېخىمۇ باي بولۇپ كېتىدۇ.

باشقا كىشىلەرنىڭ پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى

باي دادام يەنە شۇنداق ئېيتقانىكى: «نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بايلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، بايلارنىڭ پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ.»

مەسىلەن، بوغالتىر بايلار ئۈچۈن ھېسابات خاتىرىلەيدۇ، پرىكازچىك بايلارغا ياردەملىشىپ مەھسۇلاتلارنى ساتىدۇ، ئىشخانا لىدىرى بايلارنىڭ سودىسىنى باشقۇرۇپ بېرىدۇ. كاتىپ بايلارغا ياردەملىشىپ تېلېفون قوبۇل قىلىدۇ، شۇنداقلا ئەدەپ-قائىدە بىلەن بايلارنىڭ خېرىدارلىرىنى كۈتۈۋالىدۇ، رېمونتچى خادىملار بايلارنىڭ ئۆيلىرى ۋە ماشىنا-زاپچاسلىرىنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئادۋوكاتلار بايلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى تارتىلماسلىقىنى قوغدايدۇ، رويخەتكە ئالغۇچى كاسسىر بايلارنىڭ باج قىيىنچىلىقىغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بانكىر بايلارنىڭ پۇل بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ.

باي دادامنىڭ دېمەكچى بولغىنى شۇكى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر باشقىلارنىڭ پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىراق كەم يەنە شۇلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ؟ ئۇلار ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيدىن قايتقاندا نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ، پۇل مەسىلىسى دەل بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئەگەر ئۇلار ئائىلىدە بۇ پۇل مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلمايدىكەن، بۇ مەسىلە خۇددى چىش ئاغرىقىغا ئوخشاش باشقا نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى تۇغدۇرىدۇ.

نۇرغۇنلىغان نامراتلار ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىدىكىلەر بايلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، بىراق ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقاندا ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ. ئۇلار بايلىق مەسىلىسىنى ئۆزىنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىدىغان پۇرسەت دەپ قارىماستىن، بەلكى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن چىملىقتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ھاراق ئىچىپ، كاۋاپ پىشۇرۇپ يەپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. ئىككىنچى كۈنى، ئۇلار ئۆز خىزمەت ئورنىغا قايتىپ باشقىلارنىڭ مالىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، باشقىلارنى تېخىمۇ باي قىلىۋېتىۋېرىدۇ.

نامرات دادامنىڭ ھەل قىلىش ئامالى

نامرات دادام ئىلگىرى مەكتەپكە قايتىپ تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلەشكە ئىزچىل ئىنتىلىپ كەلگەن بولۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى ئىدى. ئۇ مەكتەپنى ياخشى كۆرىدۇ ، مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىدۇ، شۇنداقلا ناھايىتى بىخەتەر ھېس قىلىدۇ. ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشتى، دوكتور بولدى. يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ ئىش ھەققى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان خىزمەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلدى. ئۇ ئامالنىڭ بىرىچە ئىلىم ۋە كەسىپ جەھەتتىن ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ پۇل مەسىلىسى ئۇستىدىن غالىب كەلمەكچى بولدى، بىراق ئۇنىڭ مالىيە پاراستىدە ئىلگىرىلەش بولمىدى. ئۇ ياخشى مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن، تىرىشىپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، بىراق بەختكە قارشى، ياخشى بولغان مائارىپ ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىش ئۇنىڭ پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. مائاش يۇقىرىلىغاندا، ئۇنىڭ پۇل مەسىلىسى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى. ئۇ داۋاملىق ئىلىم ۋە كەسىپى جەھەتتىن مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنى ئىستەيتتى.

باي دادامنىڭ ھەل قىلىش ئامالى

باي دادام مالىيە رىقابىتىنى كۈتۈپلىشقا ئىنتىزار، شۇڭلاشقا ئۇ سودا قىلىشقا، مەبلەغ توپلاشقا كىرىشكەن. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق قىلىشنى تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش ئۈچۈنلا دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ نۇۋەتتىكى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى سەۋەب، ئۇ مالىيە رىقابىتىنى ياخشى كۆرىدۇ . ئۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مالىيە مەسىلىلىرىنى ئىزدەيدۇ، پەقەت پۇل ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىش ۋە ئىقتىساد قابىلىيىتىنى

تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. باي دادام داۋاملىق گولف توپ مۇسابىقىسىنى ئۆزىنىڭ پۇل توغرىسىدىكى پەلسەپەلىرىگە تەدبىقلايدۇ. ئۇ دائىم مۇنداق دەيدۇ: «پۇل مېنىڭ ئېرىشكەن نومۇرۇم ، مېنىڭ مالىيە ئەھۋالىم مېنىڭ ئېرىشكەن نومۇر كارتام. پۇل ۋە مالىيە ئەھۋالىم ماڭا ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك ئەقىللىق ۋە بۇ ئويۇننى ئويناشقا قانچىلىك ئۇستا ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ بېرىدۇ.»

ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ، باي دادامنىڭ تېخىمۇ باي بولۇپ كېتىشىدىكى سەۋەب دەل ئۇنىڭ پۇل ئويۇننى ئويناشقا قابىل ئىكەنلىكىدە... ئۇ پۇل ئويۇندىكى ئەڭ قابىل ئويۇنغا قاتناشقۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا قاراپ ئۇ ئوينىغانسېرى شۇنچە ياخشى ئوينايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىساد قابىلىيىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپلا قالماستىن، كۆپلىگەن پۇللار ئۇنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ تۇرىدۇ.

ئويۇن ئويناش

تۆۋەندىكى ماقالىدە بەش خىل مالىيە ئەقىل- پاراستىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن، ئىقتىسادىي قابىلىيىتىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھەم شۇنداقلا مالىيە جەھەتتىن مۇكەممەل ھالەتكە يېتىش ئۈچۈن سىز چوقۇم بۇ بۇ پاراسەتلەرنى يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەك. يالغۇز بۇ 5 پاراسەتنى ئۆزىڭىزدە يېتىلدۈرۈشلا ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس، بەلكىم بىر ئۆمۈر تېرىشىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ، لېكىن ياخشى خەۋەر شۇكى ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەرلا بۇ 5 تۈرلۈك پاراسەتنى چۈشىنەلەيدۇ، ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەرلا ئىقتىسادىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق پۇل ئويۇنى ئوينىغاندىكى نومۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. پەقەت بۇ 5 خىل پاراسەتكە تايىنىپ سىز جەمئىيەتتىكى 95% ئادەملەرگە قارىغاندا پۇل مەسىلىسىنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولالايسىز.

شەخسەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ بۇ 5 تۈرلۈك مالىيە

پاراستىمنى يۇقىرى كۆتۈرىمەن. مېنىڭ ئىقتىسادىي قابىلىيەت تەربىيەم مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ. دەسلەپتە مېنىڭ ئىقتىسادىي قابىلىيىتىمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەريانىم قىيىنچىلىق ۋە ئەگرى- توقايلىقلارغا دۇچ كەلگەن، خۇددى مېنىڭ گولف توپ ئوينىغان ۋاقتىمدىكىدەك نۇرغۇن مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ نۇرغۇن پۇل زىيان تارتقان، زىيادە ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكتىن مەن ھەتتاكى ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارىدىن گۇمانلانغان.

دەسلەپتە، مېنىڭ ساۋاقدىشىم مېنىڭدىن كۆپ پۇل تاپتى. بۈگۈن، مەن كۆپ قىسىم ساۋاقداشلىرىم تاپقان پۇلدىن خېلىلا كۆپ پۇل تاپتىم. گەرچە مەن پۇلى كۆپ بولۇش ھېسسىياتىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان بولساممۇ، بىراق مەن ئاساسلىق مالىيە مۇسابىقىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن. مەن ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىمەن ، مېنىڭ خىزمەت قىلىشىمدىكى مەقسەت شۇكى پۇل ئويۇنى ئويناشنى ياقتۇرىمەن، شۇنداقلا مەن ئويۇندىكى ئەڭ قالتىس يەڭگۈچى بولۇشنى ئويلايمەن. ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىلا مەن پېنسىيەگە چىقىپ كەتسەم بولاتتى. ھازىر مېنىڭ يېتەرلىك پۇلۇم بار. بىراق ناۋادا مەن پېنسىيەگە چىقىپ كەتسەم ، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلىمەن؟ گولف توپ ئوينامدىم؟ گولف توپ مېنىڭ ئويۇنۇم ئەمەس. ئۇ پەقەت مېنىڭ بىر تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىم . سودا، مەبلەغ سېلىش ۋە پۇل تېپىش، مانا بۇلار مەن ئوينايدىغان ئويۇن، مېنىڭ بۇ ئويۇنغا بولغان ھاياجىنىم تولۇپ تاشقان. ئەگەر مەن پېنسىيەگە چىقسام، مەن قىزغىنلىقتىن ئايرىلىپ قالىمەن، قىزغىنلىق بولمىسا تۇرمۇشنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن ؟

قىسقىچە خۇلاسە

1971-يىلى ۋە 1974-يىلى پۇل قائىدىسى ئىككى قېتىملىق چوڭ تۈپتىكى ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر دۇنيا مىقياسىدا نۇرغۇنلىغان مالىيە مەسىلىلىرىنى قوزغىدى، بۇ مەسىلىلەرنى تېخىمۇ كۆپ مالىيە پاراستى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بەختكە قارشى، بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز ۋە مەكتىپىمىز بۇ ئۆزگىرىشلەرگە توغرا قاراپ مەسىلىلەرنى ئويلىشىپ بىقىشقا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ، شۇڭلاشقا، بۈگۈنكى مالىيە مەسىلىسى شۇنچە جىددىي ھالغا چۈشۈپ قالدى. مېنىڭ كۆرگىنىم، ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ باي دۆلەتتىن قەرزى ئەڭ كۆپ بولغان چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مالىيە مەسىلىلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىمۇ ئامالسىز قالغان ھالەتتە ئۇلارنىڭ قانداقلارچە سىزگە ياردەم قىلالايدىغانلىقى مېنىڭ ھېچ كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. مېنىڭچە، ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى يەنىلا شۇ كىشىنىڭ ئۆزى ھەل قىلغان تۈزۈك. ئەگەر سىز پۇل مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلسىڭىز، سىز تېخىمۇ ئەقىللىق ۋە باي بولۇپ كېتىسىز.

بىرىنچى باپتا ، سىز ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك نەرسە، ئادەم مەيلى باي بولسۇن ياكى نامرات بولسۇن، ئوخشاشلا پۇل مەسىلىسىگە دۇچار بولىدۇ. تېخىمۇ باي بولۇش، ئىقتىساد قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ بىرلا ئامالى بار، ئۇ بولسىمۇ ئاكتىپ ھالدا پۇل مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش.

نامراتلار ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىدىكىلەر كۆپىنچە ھالدا ئۆزىنى پۇل مەسىلىسىدىن قاچۇرىدۇ ياكى پۇل مەسىلىسى يوقتەك بولىۋالىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئۇلاردا پۇل مەسىلىسىنىڭ داۋاملىق يۈز بېرىشىنىڭ تۈپكى مەنبەسى، ئەگەر راستتىنلا مۇشۇنداق بولسا ئۇلارنىڭ مالىيە پاراستىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ، بەلكىم قەتئىي ئاشماسلىقى مۇمكىن.

بايلار مالىيە مەسىلىلىرىگە ئاكتىپ تاقابىل تۇرىدۇ. ئۇلار شۇنى بىلىدۇكى، مالىيە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى ئۇلارنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ئىقتىساد قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بايلار ئۆزىنى ھەقىقىي بايلىققا ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىنىڭ پۇل ئەمەس بەلكى مالىيە پاراستى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. نامراتلار ۋە ئوتتۇرا

بۇرژۇئازىيىدىكىلەرنىڭ مەسىلىسى ئۇلاردا يېتەرلىك پۇل بولماسلىقى بولسا، بايلارنىڭ مەسىلىسى پۇلنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدۇر. يۇقىرىقى ئىككىلا مەسىلە رېئال تۇرمۇشقا مۇناسىپتۇر. ئەڭ مۇھىمى، سىز بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ قايسىسىنى ئېلىشنى خالايسىز؟ ئەگەر سىز ئىككىنچى مەسىلىنى تاللىسىڭىز ئۇنداقتا داۋاملىق داۋامىنى ئوقۇڭ.

بارلىق ھوقۇق ئىلقۇت تورىدىن ئەلسۆيي تەرجىمە گۇرۇپپىسىغا تەۋە! ئىلقۇت تورى بۇ كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھوقۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ!

http://www.ilqut.com